

ئەزوپ مەسەللىرى

# جاھىل ئۆچكىلەر



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئېزوپ مەسەللىرى

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

ISBN 978-7-228-08332-9

9 787228 083329 >

定价:2.50元

# جاھىل ئۆچكىلەر

ئاپتورى: ئېزوپ (يۇنان)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان ئازات



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

固执的羊/(古希腊）伊索著；阿里木江·阿扎提译.
乌鲁木齐：新疆人民出版社，2003.9（2007.3 重印）
（伊索寓言选）
据沈阳出版社2000年6月第1版2001年3月第2次印刷本选译
ISBN 978 - 7 - 228 - 08332-9

Ⅰ.固... Ⅱ.①伊...②阿...Ⅲ. 寓言一作品集一古希腊一维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I545.74

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第085820号

责任编辑：艾合买提·伊明
责任校对：塞娜瓦尔·伊不拉音
封面设计：艾克白尔·萨力

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
787×1092毫米 32开本 1.5印张
2003年9月第1版 2007年3月第2次印刷
印数：5,001—10,000

ISBN 978-7-228-08332-9 定价2.50元

بۇ كىتاب شىنجاڭ نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2001 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.


مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ئىبراھىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ


# جاھىل ئۆچكىلەر


ئاپتورى: ئىزوپ (يۇنان)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان ئازات

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 1.5
2003 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 5,001—10,000
ISBN 978-7-228-08332-9
باھاسى: 2.50 يۈەن

# پاشا بىلەن شىر

پاشا شىرغا ئېتىلىپ تۇرۇپ:

— سەن ھەرقانچە كۈچلۈك بولساڭمۇ مەن سەندىن قورقمايمەن، ئىشەنمىسەڭ، ئېلىشىپ باقايلى، — دەپتۇ ھەمدە شىرنىڭ ئۇيەر - بۇ يېرىنى چېقىشقا باشلاپتۇ. شىر ئۇيان - بۇيان سىلكىنىپمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئامال قىلالماپتۇ. پاشا غىڭىلداپ ناخشا ئېيتقاچ ئۇچۇپ يۈرۈپ ئۆمۈچۈك تورىغا ئىلىشىپ قاپتۇ ھەمدە ئۆمۈچۈككە يەم بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆلىدىغان چېغىدا:

— شىرنى بوزەك قىلىپ، كىچىككىنە ئۆمۈچۈككە يېڭىلگىنىم ئەلەم بولدى، — دەپ زارلىنىپتۇ.





# ئىككى رەقىب

بىر - بىرىگە چىش تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىككى ئادەم بىر قولۋاققا چىقىپ قاپتۇ، بىرى قولۋاق-نىڭ بېشىدا، يەنە بىرى قۇيرۇق تەرىپىدە ئول-تۇرۇپتۇ. كېيىن، دېڭىزدا بوران چىقىپ، قولۋاق خەتەر ئىچىدە قاپتۇ. قولۋاقنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە ئولتۇرغان ئادەم « قولۋاقنىڭ باش تەرە-پى ئاۋۋال چۆكۈپ كېتىدۇ » دېگەن گەپنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كېتىپتۇ - دە:

—رەقىبىم مەندىن ئاۋۋال ئۆلىدىغانلا بولسا، نېمە بولۇپ كەتسەم مەيلى، — دەپتۇ.





# ئېشەك بىلەن پادىچى

بىر قېرى پادىچى ئېشىكىنىڭ چۆپ يېگىنىگە قاراپ تۇرغانىكەن، بىر چاغدا رەقىبىنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئېشىكىنى سۆرەپ قاچماقچى بوپتۇ. لېكىن، ئېشەك قىلچە ئالدىرىماستىن:

— مەن نېمىشقا قاچقۇدەكمەن؟ ئۇ مېنى تۇتۇۋالسىمۇ ساڭا ئوخشاشلا يۈك توشۇتىدۇ شۇ، — دەپتۇ.



# چىۋىن بىلەن ئېشەك

بىر تال چىۋىن بىر هارۋىنىڭ ئوقىغا قونۇۋېلىپ، هارۋا سۆرەۋاتقان ئېشەككە:

—نېمانداق ئەزمە نېمىسەن، ئىتتىكرەك ماڭمىساڭ ئەدىپىڭنى بېرىمەن جۇمۇ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئېشەك ئۇنىڭغا:

—نېمىگە هۆركىرەيسەن! مېنى سەن ئەمەس، بەلكى هارۋىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئاۋۇ ئادەم باشقۇرىدۇ، ئۇ قامچىسىنى شىلتىمىسە، ئىتتىك ماڭمەن، چۇلۇۋۇرۇمنى تارتسا، ئەگىلىمەن. سەن پەستەك ئەڭ ياخشىسى يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلاشما، — دەپتۇ.



# بۈركۈت بىلەن شىر

بۈركۈت شىر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، تەڭ ئوۋ ئوۋلىماقچى بوپتۇ. شىر:

—بۇ مەسلىھەتىڭغۇ بولىدىكەن، لېكىن سىنىڭ لەۋزىڭدە تۇرىدىغانلىقىڭغا چوقۇم بىرى كاپالەت بېرىشى كېرەك. بولمىسا، مەن ھەر ۋاقىت لەۋزىدىن يېنىۋېلىش ئېھتىمالى بارلار بىلەن ھەرگىز ئىتتىپاق تۈزمەيمەن، — دەپتۇ.



# ئادەم ۋە شىر

بىر ئادەم بىلەن بىر شىر ئورماندا سەپەر قىلىپ كېتىۋېتىپ، ئادەمنىڭ شىرنى بويسۇندۇرۇپ تۇرغان بىر ھەيكەلنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئادەم كۆرەڭلىگەن ھالدا:

— قارا، مانا بۇ بىز ئىنسانلارنىڭ قانچىلىك قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىمىزنىڭ ئىسپاتى، — دەپتۇ. شىر ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ:

— بۇ سىلەرنىڭ خىيالىي ئەسىرىڭلار. ناۋادا بىز شىرلارمۇ ھەيكەل ياساشنى بىلگەن بولساق، شىرنىڭ ئادەمنى دەسسەپ تۇرغان ھەيكەلنى ياساپ چىققان بولاتتۇق، — دەپتۇ.



# تاشپاقا بىلەن بۈركۈت

ساھىلدا ئاپتاپسىنىپ ياتقان تاشپاقا ئۆزىنىڭ ئۇچالمايدىغانلىقىدىن ۋايساپتۇ ھەمدە: «بىرەرى ماڭا ئۇچۇشنى ئۆگىتىپ قويغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە» دەپتۇ. بۇ چاغدا بىر بۈركۈت ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن:

—مەن سېنى ئاسماندا ئۇچۇرسام، ماڭا نېمە بېرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. تاشپاقا دېڭىزدىكى ھەممە بايلىقنى ئۇنىڭغا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۈركۈت ئۇنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپتۇ ھەمدە قولىنى شۇنداقلا بىر بوشىتىپتىكەن، تاشپاقا يەرگە چۈشۈپ پارە - پارە بولۇپ كېتىپتۇ. ئۆلۈش ئالدىدا ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «يەردە ئاران ئۆمىلەيدىغان مەندەك جانىۋارغا ئۇچۇشنى نېمە قويۇپتۇ؟» دەپتۇ.



# ئانا شىر

ئورماندىكى ھايۋانلار «كىم كۆپ بالا تۇغسا، شۇ ئەڭ ئالىي شان - شەرەپتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەكمۇ» دېگەن تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا بەس - مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپتۇ، بىراق پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەي، ئانا شىرنى خۇلاسە چىقىرىپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئانا شىردىن:

—سىز بىر قېتىمدا قانچىنى تۇغىسىز؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئانا شىر كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

—مەن ھەر قېتىمدا پەقەت بىرنىلا تۇغىمەن. لېكىن، تۇغقان بالامنىڭ ھەربىرى تەڭداشسىز بولۇپ يېتىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



## ئانار دەرىخى ، ئالما دەرىخى ۋە تىكەن

ئانار دەرىخى بىلەن ئالما دەرىخى گۈزەللىك تالىشىپ قاپتۇ. ئۇلار ھەدەپ مۇنازىرە قىلىشىۋاتقان چاغدا، ياندا قاراپ تۇرغان تىكەن ئېغىز ئېچىپتۇ:

—بۇرادەرلەر، مېنىڭ ئالدىمدا بۇنداق تالىشىۋېرىپ زېرىكمىدىڭلارمۇ ؟



# ئۇسساپ كەتكەن كەپتەر

ئۇسساپ كەتكەن بىر كەپتەر تاختايدىكى بىر چەينەك سۇنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كېتىپتۇ‐دە، ئۇنىڭ رەسىم ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمايلا ئۇ‐زىنى ئېتىپتۇ. نەتىجىدە، تاختايغا ئۇسۇۋې‐لىپ، يەرگە پالاقلىدە چۈشۈپ كېتىپتۇ، قانىتى سۇنغاچقا، ئۇچالماي يېتىپ قاپتۇ. كېيىن، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەم ئۇنى ئېلىپ كېتىپتۇ.



# تويى قىلماقچى بولغان شىر

شىر ئوتۇنچىنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ ھەمدە ئوتۇنچىغا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئوتۇنچى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمىسىمۇ، لېكىن شىرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، ئەپچىل بىر ئۇسۇلنى ئويلاپ تېپىپتۇ: شىرغا يالغاندىن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭغا:

— چىشلىرىڭنى پاكپاكىز يۇلۇۋەت، تىرناقلىرىڭنىمۇ پۈتۈنلەي ئېلىۋەت، چۈنكى قىزىم ئۇ نەرسىلىرىڭدىن قورقىدۇ، — دەپتۇ.

شىر دەرھال ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ ھەمدە توي كۆچۈرگىلى بېرىپتۇ. ئالدىنئالا تەييارلىنىپ تۇرغان ئوتۇنچى ئۇنى توقماق بىلەن راسا ئۇرۇپ ئورمانغا قوغلىۋېتىپتۇ.



# كالا ۋە قاسساپ

كاللار قاسساپنى ئۆزلىرىنىڭ دۈشمىنى دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ. بۇ چاغدا، بىر قېرى كالا ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇنداق دەپتۇ:

—قاسساپلار ھەقىقەتەن رەھىمسىز، لېكىن ئۇلار بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئىنسانلار يەنىلا كالا گۆشى يەۋېرىدۇ.



# ئاسترونوم

ئاسترونومنىڭ كۈندە كەچتە سىرتقا چىقىپ، ئاسمان ھادىسىلىرىنى كۆزىتىدىغان ئادىتى بار ئىكەن. بىر كۈنى كەچتە، ئۇ شەھەر سىرتىدا ئاسمانغا قاراپ كېتىۋېتىپ، چوڭقۇر بىر قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئاغرىق ئازابىدا ئىڭراپ، «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ ۋارقىراپتۇ. شۇ چاغدا بىر ئادەم يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا:

—ئاسماندىكى نەرسىلەرگىلا قاراپ، يەردىكى نەرسىلەرگە دىققەت قىلمىغىنىڭ نېمىسى؟ — دەپتۇ.



# موزاي بىلەن قېرى كالا

بىر موزاي بىلەن بىر قېرى كالىنىڭ تەقدىرى ئوخشاش بولماپتۇ. قېرى كالا كۈن بويى ئېتىزدا ئىشلەپتۇ، موزاي بولسا ئەركىن - ئازادە كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. كۈزدە، خوجايىن قېرى كالىنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىپ، موزاينى ئۆلتۈرۈپ نەزىر - چىراغ قىپتۇ. موزاي ئۆلۈش ئالدىدا قېرى كالا ئۇنىڭغا:

—يەپ - ئىچىپلا، ئىش قىلماي بىكار يۈرگىنىڭنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلگەنسەن، — دەپتۇ.



# نېگىر

بىرى بىر نېگىرغا:

— بۇرۇنقى خوجايىنىڭ سېنىڭ تېرەڭنى بوياپ، مۇشۇنداق قاپقارا قىلىپ قويغان، — دەپتىكەن، ئۇ ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، پۈتۈن بەدىنىنى توختىماي يۇيىۋېرىپتۇ. نەتىجىدە، سوغۇق تېگىپ ئاغرىپ قاپتۇ، تېرىسى بولسا يەنە قارا پېتى تۇرىۋېرىپتۇ.



# بۆرە بىلەن ئىت

بۆرە بىر ئىتنىڭ سەمرىپ تىقىلىپ كەتكەنلىكىنى، بوينىدا بىر چەمبىرەك بارلىقىنى كۆرۈپ:

—سېنى كىم بېقىپ بۇنداق سەمرىتىۋەتتى؟ بوينۇڭغا كىم چەمبىرەك سېلىپ قويدى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىت:

—خوجايىنىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۆرە:

— مەن بۇنداق ئېغىر چەمبىرەكنىڭ بوينۇمغا چۈشۈپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن، — دەپتۇ.



# شىر بىلەن بۆرە

بۆرە بىر قوينى تۇتۇۋېلىپ، ئۇۋىسىغا ئاپىرىپ يېمەكچى بوپتۇ، ئويلىمىغان يەردىن يولدا شىرغا ئۇچراپ قاپتۇ. شىر ئۆكتەملىك بىلەن قوينى ئۇنىڭدىن تارتىۋاپتۇ. ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىگەن بۆرە يىراقتا تۇرۇپ:

— سەن بەك يولسىزكەنسەن! — دەپ نارازىلىق بىلدۈرۈپتۇ.

شىر سوغۇققىنا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇنداقتا ئۆزۈڭچۇ؟ بۇ قوينى دوستۇڭ سوۋغا قىلمىغان بولغىيتتى؟ — دەپتۇ.





# مارال بىلەن شىر

ئوۋچىدىن ئۈركۈگەن بىر مارال جېنىنىڭ بارىچە قېچىپ، بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ قاپتۇ. لېكىن، ئۆڭكۈردە يوشۇرۇنۇپ ياتقان شىر ئۇنى كاپلا تۇتۇپ يەۋېتىپتۇ. مارال ئۆلۈش ئالدىدا:

—مېنى ھەقىقەتەن نەس بېسىپتۇ، ئوۋچىدىن قۇتۇلىمەن دەپ، شىرنىڭ ئاغزىغىلا چۈشۈپتىمەن، — دەپتۇ.



# پاقا بىلەن ئېشەك

ئېغىر يۈك ئارتىۋالغان بىر ئېشەك ئۆستەڭدىن ئۆتۈۋېتىپ تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، ئۇستىدىكى يۈك بەك ئېغىر بولغاچقا، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئورنىدىن تۇرالماپتۇ ھەمدە سۇنىڭ ئىچىدە يېتىپ تۇرۇپ ۋايساشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئازابىنى چۈشەنمىگەن پاقا مەسخىرە قىلىپ:

— نېمىگە ۋايسايسەن، بىزدەك كۈن بويى سۇدا تۇرغان بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟ — دەپتۇ.







# زىۋىس ۋە مايمۇن

زىۋىس ئورماندىكى ھايۋانلارغا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، قايسى ھايۋاننىڭ پەرزەنتى ئەڭ چىرايلىق بولسا شۇنى تارتۇقلايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مايمۇنمۇ بۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىپتۇ، ئۇنىڭ كۆرۈمسىز بالىسىنى كۆرۈپ، مەيداندىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتكەنىكەن، مايمۇن قىلچە تەمتىرىمەستىن مۇنداق دەپتۇ:

— ئوغلۇم ئىككىمىز مۇكاپاتقا ئېرىشەلمەدۇق، يوق، بۇنى بىلمەيمەن. لېكىن، شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، مېنىڭ نەزىرىمدە مېنىڭ مايمۇن بالام ھەممە ھايۋاندىن چىرايلىق.



# جاھىل ئۆچكىلەر

ئىككى ئۆچكە تار بىر ياغاچ كۆۋرۈكتە دوقۇ-
رۇشۇپ قاپتۇ ھەمدە بىر - بىرىگە يول بەرمەي،
قاتتىق ئېلىشىپ كېتىپتۇ. نەتىجىدە، ھەر
ئىككىلىسى ماغدۇرسىزلىنىپ، ئۆستەڭگە چۈ-
شۈپ كېتىپتۇ.



# شىر پادىشاھ

شىر ھايۋانات پادىشاھى بولغاندىن كېيىن، زالىملىقىنى تاشلاپ، ئادىل ھەم رەھىمدىل خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ھايۋانات قۇرۇلتىيى ئېچىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ ھەمدە كۆپچىلىك بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق: «بۆرە بىلەن قوي، قاپلان بىلەن ئۆچكە، يولۋاس بىلەن بۇغا، ئىت بىلەن توشقان ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈشى كېرەك» دەپ بەلگىلىمە چىقىرىپتۇ. توشقان خۇشال بولغان ھالدا:

—مەن زارىققان تۇرمۇش ئاخىر يېتىپ كەلدى، بۇنىڭدىن كېيىن بىزدەك ئاجىزلارمۇ كۈچلۈكلەرنىڭ يېنىدا خاتىرجەم يۈرەلەيدىغان بولدۇق، — دەپتۇ.



# بېلىقچى ۋە تور

بېلىقچى دېڭىزغا تور تاشلاپتۇ. تورغا نۇرغۇن بېلىق ئىلىنىپتۇ، ئەمما تورنىڭ تۆشۈكلىرى يوغان بولغاچقا، چوڭ بېلىقلار قېپقېلىپ، ئۇششاق بېلىقلار توردىن قۇتۇلۇپ كېتىپتۇ.



# چايكا بىلەن بۈركۈت

چايكىنىڭ گېلى ئىنچىكە بولسىمۇ، لېكىن يوغان بىر تال بېلىقنى يۇتۇۋېتىپتۇ، نەتىجىدە گېلى زەخىملىنىپ، دېڭىز بويىدا خارقىراپ يېتىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن بۈركۈت:

—جېنىڭغا تۇشلۇق ئىش قىلساڭ بولماسمىدى! — دەپتۇ.



# پاينەكۋاش چەۋەنداز

بىر پاينەكۋاش چەۋەنداز يالغان چاچ كىيىپ، باشقىلار بىلەن بىللە ئوۋغا چىقىپتۇ. بىر چاغدا بوران چىقىپ ئۇنىڭ شىلەپىسىنى ھەم يالغان چېچىنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھەمراھلىرى كۈلۈپ تېلىقىپ قاپتۇ. چەۋەنداز ئېتىنى توختىتىپ، ئۆز - ئۆزىگە:

— ئۇ يالغان چاچ مېنىڭ ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭ ئۇچۇپ كەتكىنى نورمال ئىش، ئۆز ئە-گىسىنىڭ بېشىدا تۇرالمىغان چاچ مېنىڭ بېشىمدا تۇرامتى؟ — دەپتۇ.



# ئاچچىقلانمايدىغان شىر

شىر قەپەسكە سولىنىپ قاپتۇ، بۇنى كۆرگەن تۈلكە بۇرۇنقى خۇشامىتىنى چۆرۈپ تاشلاپتۇ-دە، قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ:

— رەزىل ئەبلەخ، مەن ئەمدى ساڭا ھەر ئايدا بىر توخۇ ئاپىرىپ يۈرمەيدىغان بولدۇم، — دەپتۇ.

شىر تولىمۇ تەمكىن ھالەتتە ئۇنىڭغا:

— مېنى ئەخمەق قىلغىنى بەختسىز تەقدىر، مەن ھەرگىزمۇ سەندەك پەس نېمىنىڭ ھاقارەتىنى نەزىرىمگە ئالمايمەن! — دەپتۇ.



# قاغا بىلەن يىلان

قورسىقى ئېچىپ كەتكەن قاغا بىر يىلاننىڭ مىدىر - سىدىر قىلماي ياتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى يېمەكچى بولغانىكەن، يىلان ئويغىنىپ كېتىپ، قاغىنى بىرلا چېقىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. قاغا ئۆلۈش ئالدىدا زارلىنىپ تۇرۇپ:

— قورسىقىمنى توقلايمەن دەپ باشقىلارغا يەم بولۇپ كېتىدىغانلىقىمنى ئويلىماپتىكەنمەن، — دەپتۇ.



# ئىت بىلەن قۇلۇلە

توخۇم يەيدىغانغا ئادەتلىنىپ قالغان بىر ئىت قۇلۇلىنى كۆرۈپ، ئۇنىمۇ توخۇم ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، كاپلا قىلىپ يۇتۇۋېتىپتۇ. ھايال ئۆتمەيلا، قورسىقى قاتتىق ئاغرىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭدىلا ئۇ ئېسىگە كېلىپ:

— بەك ئەخمەقكەنمەن، يۇمىلاق نەرسىنىڭ ھەممىسىنى توخۇم دەپ ئويلىغاندىكىن، ئۆزۈمگىمۇ ئاز! — دەپتۇ.





# بۆرگە بىلەن ئادەم

بۆرگە بىر ئادەمنى چېقىپ زادىلا ئارام بەر-مەپتۇ. ئۇ ئادەم بۆرگىنى ئاخىر تۇتۇۋاپتۇ ـ دە، غەزىپىنى باسالماي:

— سەن ئىپلاس، قېنىمنى شوراپ، مېنى ئەجەبمۇ ئاۋارە قىلدىڭا، — دەپتۇ. بۆرگە:

— لېكىن مەن ئۆلۈمگە لايىق ئەمەس، چۈنكى مەن سېنىڭ ئازراقلا قېنىڭنى شورۇ-دىم، — دېگەنىكەن، ئۇ ئادەم:

— ئازراق شورىساڭمۇ، كۆپ شورىساڭمۇ سەن بەرىبىر جازاغا لايىق، — دەپتۇ ـ دە، ئۇنى بىرلا ئۇرۇپ جېنىدىن جۇدا قىپتۇ.



# بۈركۈت بىلەن قوڭغۇز

بۈركۈت بىلەن قوڭغۇز ئۆزئارا رەقىب ئىكەن. قوڭغۇز سىرتقا چىقىپ كەتكەن چاغلاردا، بۈركۈت ئۇنىڭ بالىلىرىنى يەۋالىدىكەن، قوڭغۇزمۇ بۈركۈتنىڭ ئۇۋىسىغا ئوغرىلىقچە ئۆمىلەپ چىقىپ، ئۇنىڭ تۇخۇملىرىنى پەسكە ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىدىكەن. بىر كۈنى، بۈركۈت زادىلا سەۋر قىلالماي، تەڭرىنىڭ ئالدىغا ئەرز قىلىپ بېرىپتۇ. تەڭرى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ تىزىنى ئۇنىڭ ئۇۋا ياسىشىغا تۇتۇپ بېرىپتۇ. بۈركۈت تەڭرىنىڭ تىزىدىكى ئۇۋىسىغا تۇخۇملىغاندىن كېيىن، قوڭغۇز ئەتراپتا غوڭۇلداپ ئۇچقىلى تۇرۇپتۇ. تەڭرى ئۇنى قوغلىۋەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن شۇنداق تۇرغانىكەن، تىزىدىكى ئۇۋا يەرگە چۈشۈپ چۇۋۇلۇپ كېتىپتۇ، تۇخۇملارمۇ ساق قالماپتۇ.



# بۇقا بىلەن موزاي

بۇقا تار بىر يولدىن ئۆتمەكچى بولغانىكەن، بىر موزاي يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭغا يول باشلاپ بەرمەكچى بوپتۇ. بۇقا ئۇنى مۇلايىملىق بىلەن رەت قىلىپ:

—بۇ يولدىن مەن سەن تۇغۇلمىغان چاغدىلا نەچچە قېتىم ئۆتكەن، — دەپتۇ.



# ئوۋچى بىلەن ئاتلىق ئادەم

بىر ئوۋچى بىر توشقاننى تۇتۇۋاپتۇ ھەمدە ئۇنى مۈرىسىگە ئارتىپ، ئۆيىگە ئېلىپ مېڭىپتۇ. يولدا بىر ئاتلىق ئادەم ئۇچراپ قېلىپ، ئۇ دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتە توشقاننى ئېلىپ قېچىپتۇ. ئوۋچى ئۇنى قوغلاپ يېتىشەلمىگەندىن كېيىن، كەينىدىن:

— ئۇنى بۇلاپ قاچمىساڭمۇ مەن ساڭا سوۋغا قىلماقچىدىم، — دەپتۇ.



# ئۆچكە بىلەن ياۋا چوشقا

ئۆچكە ياۋا چوشقىغا ئۇچراپ قېلىپ، قورقـ-
قىنىدىن ھوشىدىن كېتىپتۇ. قورسىقى توق ياۋا
چوشقا ئۇنى ئويغىتىپ:

— سەن نېمە ئويلاۋاتقىنىڭنى راستچىللىق
بىلەن دەپ بەرسەڭ، مەن سېنى يېمەيمەن، —
دەپتۇ. ئۆچكە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ:

— مەن ساڭا ئوخشاش ياۋا چوشقىلارنى قا-
رىغۇ بولۇپ قالسىكەن ياكى ئىلاھىنىڭ جازاسىغا
ئۇچرىسىكەن دەپ ئويلاۋاتىمەن، — دەپتۇ. ياۋا
چوشقا مەمنۇن بولغان ھالدا بېشىنى لىڭشى-
تىپ:

— راست گېپىڭنى قىلدىڭ، ھەقىقەتەن
جاسارەتلىك ئىكەنسەن، ئەمدى ئۆيۈڭگە قايتىپ
كەتكىن! — دەپتۇ.



# ئالۋاستى بىلەن قىز

ئالۋاستى چىرايلىق بىر قىزغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويۇپتۇ ھەمدە ئۇنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، راھەت - پاراغەتكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قىز ئۇنىڭ تەلىپىنى ئۇدۇللا رەت قىلماي:

— سەن دېگەن ئۇ نەرسىلەرگە پانىي ئالەمدە ئېرىشكىلى بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئالۋاستى بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

— ياخشى، — دەپتۇ قىز، — ئۇنداقتا، مەن پانىي ئالەمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ساڭا ياتلىق بولاي.



# ئالدىراش يولۇچى

بىر ئادەم بەكلا ئالدىراپ كەتكەچكە، يولدا نەرسە يېگەچ مېڭىپتۇ ھەمدە ئېھتىياتسىزلىق-تىن يىقىلىپ كېتىپ پۇتىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئورنىدىن تۇرالماپتۇ. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرى:

— نېمىشقا بىر نەرسە يەپ ماڭغانىدىڭ؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇ:

— ئۆيۈمگە ئالدىراپچۇ، — دەپ جاۋاب بې-رىپتۇ. ھېلىقى ئادەم:

— ئەمدى پۇتۇڭنى سۇندۇرۇۋېلىپ، ئۆيۈڭگە تېخىمۇ كېچىكىپ قايتىدىغان بولدۇڭ، — دەپتۇ.



# ئوتۇن بىلەن پالتا

ئوتۇن پالتىغا غەزەپ بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— سەن بەك رەزىلكەنسەن، دەسلىپىدە مېنى ئورماندىن كېسىپ ئەكېلىپ، نەرسە - كېرەك ياسايدىغانغا ئىشلەتتىڭ، ئەمدى كېرىكىم قالمىغاندا مېنى پارچىلىماقچى بولۇۋاتىسەن، مەن ساڭا نېمە يامانلىق قىلغانىدىم؟

پالتا بىئارام بولغان هالدا ئۇنىڭغا:

—ساڭا زىيانكەشلىك قىلىۋاتقىنى مەن ئەمەس، بەلكى مېنى تۇتۇۋالغان ئادەم! — دەپتۇ.



# توشقان بىلەن ئوۋ ئىتى

ئوۋ ئىتى بىر توشقاننى تۇتۇۋېلىپ، يەنە قويۇپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئوۋچى سەۋەبىنى سورىغانىكەن، ئىت ئۇنىڭغا:

— ئۇ توشقان مېنىڭ بالامكەن ئەمەسمۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئوۋچى:

— بىلجىرلىما، سەن ئىت تۇرساڭ، ئۇ توشقان قانداقسىگە سېنىڭ بالاڭ بولىدۇ؟ — دەپتۇ. ئىت مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۇ ماڭا «مېنىڭمۇ سەندەك ئىككى قۇلىقىم، تۆت پۇتۇم، بىر بۇرنۇم ۋە بىر تال قۇيرۇقۇم بار» دېگەنىدى. قاراپ باقسام ئۇ راستىنلا ماڭا ئوخشايدىكەن، شۇڭا قويۇۋەتتىم.



# چاشقان بىلەن پىل

پىل ناھايىتى يوغان بولغاچقا، شىرمۇ ئالدىراپ ئۇنىڭغا چېقىلالمايدىكەن. بىراق، پىل چاشقاننىڭ ئۆزىنىڭ بۇرنىغا كىرىۋېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى يىراق تۇتىدىكەن. چاشقان پىلنىڭ ئۆزىدىن ئەيمىنىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ «مەن قالتىس ئوخشايمەن» دەپ ئويلاپ قاپتۇ-دە، پىلنى بازارغىچە قوغلاپ بېرىپتۇ، نەتىجىدە، مۈشۈككە يەم بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا:

— ئاھ، تەڭرىم، مېنىمۇ جايلايدىغانلار باركەنغۇ؟ — دەپ نالە قىلىپتۇ.



# شىر بىلەن مەرگەن

بىر مەرگەن ئوۋغا چىقىپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان هايۋانلار تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ، پەقەت شىرلا قاچماي، ئۇنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. مەرگەن ئۇنىڭغا:

— ئالدى بىلەن مېنىڭ ئوقۇمنى كۆرۈپ باق، ئاندىن ساڭا ئۆزۈمنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىپ قوياي، — دەپتۇ ـ دە، يىراقتىنلا ئوق ئۈزۈپتۇ. ئوق شىرغا تېگىپتۇ، يارىلانغان شىر دەرهال قېچىپتۇ. بۇ ئەهۋالنى كۆرگەن تۈلكە ئۇنى ئالدىراپ قاچماسلىققا دەۋەت قىلغانىكەن، شىر:

— ئۇنىڭ ئوقىغا تەڭ كېلەلمىگەن تۇرسام، ئۆزىگە قانداقمۇ تەڭ كېلەلەيتتىم، — دەپتۇ.



# تۈلكە بىلەن ئۈزۈم

باراڭدىكى ئۈزۈملەرنىڭ پىشىپ مەي بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن تۈلكىنىڭ نەپسى تاقىلداپ كېتىپتۇ. ئەمما، ھەرقانچە قىلسىمۇ، بويى يەتمەپتۇ. ئاخىردا، ئۇ ئۈزۈم يېيىشتىن ۋاز كېچىپتۇ ھەمدە:

—ئەمەلىيەتتە بۇ ئاچچىق ئۈزۈملەر، —دەپتۇ.



# ئات بىلەن ئېشەك

ئېغىر ھارۋىنى سۆرەپ كېتىۋاتقان ئېشەك ئېسىل جابدۇق قويۇلغان ئاتقا ئۇچراپ قاپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن يول بېرىپتۇ. ئات ئۇنى كۆزگە ئىلماي:

— بەتبەشىرە ئەبلەخ، تېپىپ يەپ كەتمەي دېسەڭ نېرىراق تۇر! — دەپ تىللاپتۇ. ئېشەك ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ گەپ قىلماپتۇ. كېيىن، ئاتقا كېسەل تېگىپ، ئېسىل جابدۇقلاردىن مەھرۇم قاپتۇ ھەمدە ئېتىزدا ئىشلەشكە بۇيرۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ قىغ ھارۋىسىنى سۆرەپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن ئېشەك كۈلۈپ تۇرۇپ:

— يوغانچى ئەبلەخ، قېنى بۇرۇنقى كۆرەڭلىكىڭ؟ ھارۋا سۆرىسە قانداق بولىدىكەن؟ — دەپتۇ.



# بۆرە بىلەن شىر

بىر بۆرە ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە يوغان بەستى بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈپ، باشقىلار تەرىپىدىن «شىر» دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىن، ئۇ ئۆزىنى راستتىنلا شىر چاغلاپ قېلىپ، بۆرە توپىدىن يىراقلىشىپ، شىرلار توپىغا قوشۇلۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بىر تۈلكە ئۇنىڭغا:

— بۇ قىلىقىڭ قاملاشمىدى. بۆرىلەر ئارىسىدا سەن ھەقىقەتەن شىردەك ھەيۋەتلىك ئىدىڭ. لېكىن، شىرلارنىڭ ئالدىدا سەن بەرىبىر بىر بۆرە، خالاس، — دەپتۇ.







# قاتىل

بىر ئادەم قاتىللىق جىنايىتى ئۆتكۈزۈپتۇ، ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى قوغلاپتۇ. ئۇ ئادەم قېچىپ يۈرۈپ نىل دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ ھەمدە ئۇ يەردە بىر شىرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. بىراق، دەرەختە بىر يىلان بار ئىكەن، ئۇ ئادەم دەرھال دەرياغا سەكرەپتۇ. دەريادا ئۇ بىر تىمساھقا ئۇچراپ قاپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا يەم بولۇپ كېتىپتۇ. ئادەم ئۆلتۈرگەن بۇ قاتىلنى قۇرۇقلۇقمۇ، دەرەخمۇ، دەريامۇ ئۆز ھىمايىسىگە ئالماپتۇ.



## مايمۇن بىلەن تۈلكە

مايمۇن بىلەن تۈلكە بىللە سەپەرگە چىقىپتۇ ھەمدە بىر قەبرىستانلىقتىن ئۆتۈپتۇ. مايمۇن:

— قارا، بۇ قەبرىلەر بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسالغان، ئۇلار ناھايىتى باتۇر ھەم ئىززەت - ئابرۇيلۇق ياشاپتىكەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تۈلكە:

— يالغان گەپ قىلمىقىڭ نېمىدېگەن ئاسان، ئۇلارنىڭ ساڭا رەددىيە بەرمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسەن - دە، — دەپتۇ.



## شەپەرەڭ بىلەن ئاغمىخان

ئاغمىخان بىر شەپەرەڭنى تۇتۇۋاپتۇ. شەپەرەڭ شۇنچە يالۋۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قۇشلارغا ئۆچ ئاغمىخان ئۇنى قويۇپ بېرىشكە ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، شەپەرەڭ قاناتلىرىنى يىغىپ، ئۆزىنى چاشقانغا ئوخشاش كۆرسىتىپتۇ ـ دە، ئاغمىخاننىڭ قولىدىن ساق ـ سالامەت قۇتۇلۇپ كېتىپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن، ئۇ چاشقانغا ئۆچ باشقا بىر ئاغمىخاننىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. بۇ قېتىم ئۇ قاناتلىرىنى كېرىپ، ئۆزىنى قۇشتەك كۆرسىتىپتۇ ـ دە، جېنىنى يەنە بىر قېتىم ساقلاپ قاپتۇ.



[General Information]
书名=固执的羊　维吾尔文
SS号=40209951